
# ئىستىقلال ئاۋازى
ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

2023 دېكابىر (ئومۇمىي 41 ـ سان)

ISTIQLAL

# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا يادرو سىنىقىغا تەييارلانماقتا

Istiqlal TV




## ئۇيغۇر تور چولپىنىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى خىتاينىڭ باستۇرۇشلىرىنى ئاشكارىلىدى

ئۇيغۇر تور چولپىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە سۆزلىگەن ئاگاھلاندۇرۇشى خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى ئاشكارىلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 2-دېكابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە ياشايدىغان، دوۋيىن (تىك توكنىڭ خىتايدىكى نۇسخىسى) ھېسابىدا 600 مىڭدىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىسى بار شىرىن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر تور چولپىنىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئەكسىچە خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارغا ئۆزىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا سەل قارىماسلىقنى، بولمىسا خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

ئۇ 21-نويابىر دوۋيىن سۇپىسىدا ئېلان قىلغان سىنىدا ئەگەشكۈچىلىرىنى: «مېنى ئاگاھلاندۇرمىدى دېمەڭلار. بولمىسا نۆۋىتى كەلگەندە نادانلىقىڭىز ئۈچۈن بەدەل تۆلەيسىز» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ، خىتاينىڭ ھەر بىر شەخسنىڭ توردىكى پائالىيىتىنى، جۈملىدىن ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارى بارلىقىنى، ئەگەشكۈچىلىرىگە توردىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ مەزمۇنىنى ياقتۇرۇش ياكى باھا بېرىشنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە بىر شەخسنىڭ كىمنى قوللايدىغانلىقىنى، كىمگە باھا بېرىدىغانلىقىنى ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ دائىم خىتاي رېجىمىنى مەدھىيەلەيدىغان سىنلارنى تارقىتىدىغان بولۇپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن دوۋيىنغا يوللىغان سەككىز مىنۇتلۇق مەزكۇر سىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى.



# ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزالىرى خىتايغا سەپەر چەكلىمىسى قويۇشنى تەلەپ قىلدى

ئامېرىكىنىڭ بەش كېڭەش پالاتا ئەزاسى پىرېزىدېنت جوۋ بايدېنىدىن خىتايدا شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقان نەپەس يولى كېسەللىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى سەپەرلەرنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتايدا نامەلۇم نەپەس يولى كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ بەش كېڭەش پالاتا ئەزاسى 2-دېكابىر پىرېزىدېنت بايدېنغا مەكتۇپ يېزىپ، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا سەپەر چەكلىمىسى قويۇشنى تەلەپ قىلغان.

مەزكۇر مەكتۇپقا كېڭەش پالاتاسى ئىستىخبارات كومىتېتىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى رەھبىرى ماركو رۇبىيو، كېڭەش پالاتا ئەزاسى رىك سكوت ئەۋەتكەن بولۇپ، كېڭەش پالاتا ئەزاسى مايك بىراۋن، تومى تۇبىرۋىل ۋە ج. د. ۋانس قاتارلىقلار ئىمزا قويغان.

ئۆلار مەكتۇپتا خىتاينىڭ خىتاي ۋىرۇسى يۇقۇمى مەزگىلىدە ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغانلىقى سەۋەبلىك، ئامېرىكىنى كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئېگىلەشتىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، خىتايدا نۆۋەتتە تارقىلىشقا باشلىغان تارقىلىشچان كېسەل ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ چۈشەنچىگە ئىگە بولغانغا قەدەر، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ساياھەتنى دەرھال چەكلەش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان.

ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، خىتاي سەھىيە خادىملىرى بىر قاتار نەپەس يولى كېسەللىكلىرىنى بايقىغان بولۇپ، خىتاينىڭ شىمالىدىكى نۇرغۇن بالىلارنىڭ يۇقۇملانغانلىقى ۋە مەزكۇر كېسەلگە ئېنىق دىياگنوز قويۇلمىغانلىقىنى بىلدۈرۈلگەندىن كېيىن، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى 22-نويابىر خىتايدىن مەزكۇر كېسەللىك ۋە بالىلاردىكى

ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ يۇقۇملىنىشى، كۆپىيىشى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلغانىدى. بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر ۋىرۇس «Pneumonia» ئۆپكە ياللۇغى ۋىرۇسى بولۇپ، نۆۋەتتە خىتايدىن تارقىلىپ چىقىپ، ھىندىستان، دانىيە ۋە گوللاندىيەدىمۇ كۆرۈلگەن.




## خىتاي ئاتالمىش «دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش» ھەققىدە مەخسۇس يىغىن ئاچتى

خىتاي خەلقئارا جەمئىيەتتە خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەت قىلغانلىقىنى كۆچەپ تەشۋىقات قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بېيجىڭ شەھەرلىك كومىتېتى بېيجىڭدا دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش سىياسىتىگە ئالاقىدار مەخسۇس يىغىن ۋە سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى.

خىتاي خەۋەرلىرى تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بېيجىڭ شەھەرلىك كومىتېتى 4-دېكابىر بېيجىڭدا ئاتالمىش «دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش مەسىلىسىدىكى بېيجىڭ ھېكايىسى بىناكارلىق سەنئىتى سۆھبەت يىغىنى» ۋە سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزگەن. كۆرگەزمىدە بۇددا دىنى، داۋجىياۋ دىنى، ئىسلام دىنى، كاتولىك دىنى ۋە خىرىستىيان دىنىدىن ئىبارەت بەش چوڭ دىنىنىڭ ئىمارەتلىرىنىڭ 300 پارچىدىن ئارتۇق تاللانغان سۈرىتى كۆرگەزمىگە قويۇلغان.

مەزكۇر سۈرەتلەردە بېيجىڭنىڭ دىنىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى، سەنئىتىنى قانداق خىتايچىلاشتۇرغانلىقى كۆز-كۆز قىلىنغان بولۇپ، خىتاي رېجىمى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئەقىدىسى ۋە دۇنيا قارىشىنى قانداق تەدبىرلەر بىلەن خىتايچىلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان.

خىتاي رېجىمى بىر سۆھبەت يىغىنى، بىر تەشۋىقات فىلىمى ۋە سۈرەت كۆرگەزمىسى بىلەن بېيجىڭنىڭ دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرى، تەتقىقاتلىرى ۋە ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق،

خىتايچىلاشتۇرۇش ئۆرنەكلىرىنى تەشۋىق قىلغان.

خىتاي ئالدىنقى نەچچە يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش پىلانىنى قانۇنلاشتۇرۇپ، ۋەھشىي ۋاستىلەر بىلەن بۇ قانۇننى ئىجرا قىلغانىدى. كېيىنچە بۇ قانۇننى خىتايدىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىغىمۇ ئاستا-ئاستا ئىجرا قىلىشقا باشلىغانىدى. خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ۋە ئىسلام دۈشمەنلىكى پىلانىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنغا ئالاقىدار بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەرنى تولۇق چەكلىگەندىن سىرت، ھازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىتنى چېقىۋەتكەن ياكى بۇزۇۋەتكەن.

خىتاي ئىسلام دۈشمەنلىكى سىياستىگە ئاساسەن، بۇ يىل 8-ئايدا يەنە مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، قۇرئاننى قايتىدىن تەرجىمە قىلىش، قۇرئاننى كۇڭزى ئىدىيەسى بىلەن شەرھلەپ، سوتسىيالىزمغا ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق رەزىل پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.




ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ۋولكېر تۈرك 5-دېكابىر ب د ت «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى» ماقۇللانغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نۇتۇق ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ۋە پەلەستىنىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى مۇجمەل ئىپادىلىشى، كونكرېت تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى قاتتىق ئەيىبلەندى.

ۋولكېر تۈرك X ھېساباتىدا ئېلان قىلغان سۆزىدە: ««ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى›نىڭ 75 يىللىقى بىزگە شۇنى ئەسكەرتىدۇ: ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھېچقاچان ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەي باشلانغان ئەمەس. ئۇ ھەمىشە ساختا ئۇچۇر ۋە ئۆچمەنلىكنى تۈرتكە قىلغان سىستېمىلىق كەمسىتىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى» دېگەن ۋە: «بىز بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن ھوشيار تۇرۇشىمىز ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز ھەم ئۇنى جازالاشنى تەلەپ

قىلىشىمىز كېرەك» دەپ تەكىتلىگەن.

X تىكى بەزى ئىنكاسلاردا ئۇنىڭ قەيەردە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا چۈشەنچە بېرىشى كېرەكلىكى، بولمىسا ئۇنىڭ بۇ خىل ئابستراكت سۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي جىنايەتكە قارىتا ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. يەنە بەزى ئىنكاسلاردا بولسا «بىز ئوچۇق-ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا شاھىت بولۇۋاتقان بىر پەيتتە، بۇ خىل ئومۇمىي تەلەپپۇز قورقۇنچلۇق ھەم خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغا بۇزغۇنچىلىق ھېسابلىنىدۇ» دېيىلگەن.

ۋولكېر تۈرك بۇلتۇر 11-ئايدا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندىن بېرى بىرقانچە قېتىم يۇمشاق تەلەپپۇزدا «شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى» دەپ تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر مەسىلىسىدە دادىل بولماسلىق بىلەن ئەيىبلىنىپ كەلمەكتە.



ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئىشلىتىۋاتقان قۇياش ئېنېرگىيەسى باتارېيەسىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى ئاشكارىلاندى

BBC ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئىشلەتكەن قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيەنىڭ خىتاي مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغان ماتېرىياللارنى ئىشلەتكەن شىركەتلەر تەرىپىدىن ياسالغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى ھەر تەرەپتىن تىلغا ئېلىنىۋاتقان بولۇپ، BBC ئۇچۇر ئەركىنلىكى قانۇنىغا ئاساسەن ئۇچۇر تەلەپ قىلغان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئارمىيەگە قۇياش ئېنېرگىيىسى باتارېيەسى بىلەن تەمىنلەيدىغان شىركەتلەرنىڭ JA Trina ، Solar ۋە Qcells ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. 7-ئايدا ئەنگلىيە شېفىلد ھاللام ئۇنىۋېرسىتېتى دوكلات ئېلان قىلىپ، بۇ ئۈچ شىركەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئېرىشكەن خام ئەشيانى ئىشلەتكەنلىكىنى ئاشكارىلىغانىدى.

JA Solar ۋە Qcells بۇ ھەقتە BBC گە بەرگەن باياناتىدا، ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدە رول ئوينىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللانغانلىقىنى ئېيتقان،

Trina شىركىتى بولسا جاۋاب بەرمىگەن.

دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى باياناتىدا ئارمىيەنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ قەرەللىك تەكشۈرۈلۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قاتتىق تەرتىپلەرنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى بايان قىلغان.

شېفىلد ھالام ئۇنىۋېرسىتېتى دوكلاتىنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى ئالان كىراۋفورد ئۆزىنىڭ BBC ئېرىشكەن شىركەتلەرنىڭ تىزىملىكىنى كۆرگەنلىكىنى ۋە دوكلاتتىكى ئەيىبلەشلەرنىڭ يەنىلا كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئامېرىكا دائىرىلىرىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، قۇياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە تاختىسىنىڭ ئاساسلىق ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى بولغان كۆپ كىرىستاللىق كىرېمنىي مەجبۇرىي ئەمگەك نەتىجىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ماددىلارنىڭ بىرى ئىكەن. نۆۋەتتە خىتاي دۇنيادىكى قۇياش ئېنېرگىيەسى باتارېيەسى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىمەكتە.



## ئىتالىيە خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىدىن رەسمىي چېكىندى

ئىتالىيە خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانىدىن رەسمىي چېكىنگەن بولۇپ، بۇ قارارنى خىتايغا يەتكۈزگەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئىتالىيە 6-دېكابىر خىتايغا رەسمىي ئۇقتۇرۇپ، ئىتالىيەنىڭ خىتاي يولغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىدىن چېكىنىشنى قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. رويتېرس ئاگېنتلىقى ئىتالىيە ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى مەنبەلەرنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ خەۋەر قىلىشىچە، ئىتالىيە ھۆكۈمىتى بۇ قارار سەۋەبلىك بېيجىڭنىڭ ئىتالىيەدىن ئىقتىسادىي ئۆچ ئېلىشى ئېھتىماللىقىنىمۇ ئويلىشىپ بولغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئىتالىيە 2019-يىلى ئامېرىكىنىڭ چەكلىشىگە قۇلاق سالماي، خىتاي باشلىغان ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» تۈرىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بىردىنبىر غەرب دۆلىتى بولۇپ قالغاندى.

ئىتالىيە باش مىنىستىرى گىئورگىيا مېلونى ئۆتكەن يىلى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خىتاي رىجىمى رەئىسى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تۇردىن چېكىنىشنى خالايدىغانلىقىنى، «بىر بەلباغ، بىر يول» تۈرىنىڭ ئىتالىيەگە كۆرۈنەرلىك پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

مېلونى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن، ئالدىنقى ھۆكۈمەتنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىغا قاتنىشىش قارارىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىتالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاجانمۇ يېقىندا ئىتالىيەنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىغا قاتناشقاندىن كېيىن مۆلچەردىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى تەكىتلىگەنىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، ئىتالىيەنىڭ خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىغا قاتنىشىش كېلىشىمى 2024-يىلى 3-ئايدا توشىدىكەن. ئىتالىيە ھۆكۈمىتى يېقىندا خىتايغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئىتالىيەنىڭ توختامنى ئۇزارتماسلىق ھەققىدىكى قارارىنى ئۇقتۇرغان.



## دوكلات: ياۋروپادىكى داڭلىق ماركىلار ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك

ئەنگلىيە شېفىلد ھالام ئۇنىۋېرسىتېتى 6-دېكابىر ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە ئائىت «ئۇيغۇر رايونىدىن ياۋروپاغىچە بولغان كىيىم-كېچەك تەمىنلەش زەنجىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش» ناملىق دوكلات ئېلان قىلىپ، ياۋروپادىكى داڭلىق كىيىم-كېچەك ماركىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئاشكارىلىدى.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 6-دېكابىر خەۋەر قىلىشىچە، بۇ دوكلات ياۋروپا پارلامېنتىدىكى سوتسىيال دېموكراتچىلار پارتىيەسى تەرەققىيپەرۋەرلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئېلان قىلىنغان بولۇپ، سوتسىيال دېموكراتچىلار ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ گۇمان قىلىنغان كىيىم-كېچەكلەرنى چېگرادا تۇتۇپ قالىدىغان سودا نىزامى يولغا قويۇشقا چاقىرىق قىلغان.

دوكلاتتا خەلقئارادا 500 كۆچلۈك كارخانا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئاتالمىش «شىنجاڭ» جوڭتەي گۇرۇھى ئىگىدارچىلىقىدىكى پاختا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ گۇرۇھ 2023-يىلى 6-ئايدىن باشلاپ ئامېرىكا يولغا قويغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»غا ئاساسەن جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ كارخانىنىڭ مەھسۇلاتى ئورگانىك ۋە بىرىكمە تالالىق رەخت، سۈنئىي خۇرۇم ۋە يىپېشقاق مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

بۇ دوكلاتنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى بولغان يالقۇن ئۇلۇغيولنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئون نەچچە توقۇمىچىلىق سانائىتى رايونى قۇرغان. ئۇلار خىتاي رېجىمى يولغا قويغان ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىش سىياسىتىدىن نەپكە ئېرىشكەن. پەقەت تۆت شىركەتنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىنتايىن چەكلىك سانلىق مەلۇمات ۋە ئېنىق بولمىغان تەمىنلەش زەنجىرى ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق، مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن بۇلغانغان مەھسۇلاتلارنىڭ ھېچقانداق چەكلىمىسىز ياۋروپا بازىرىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان.



تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى
مالايشىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشتى

مالايشىيادا زىيارەتتە بولۇۋاتقان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى 10-دېكابىر مالايشىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشتى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ۋە بىرلىك باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى 10-دېكابىر مالايشىيا پايتەختى كۇئالالامپۇردا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى زامبىرى ئابدۇلقادىر بىلەن كۆرۈشتى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى ھەمدە مالايشىيا ھۆكۈمىتىدىن شەرقىي تۈركىستان

مەسىلىسىدە كۆتۈلۈۋاتقان تەلەپ يېزىلغان بىر پارچە مەكتۇپ سۇندى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە مالايشىيا دىنىي ئىشلار مىنىستىرى ۋە كېڭەش پالاتا ئەزاسى دوكتور ھاجى موھد نايىم مۇختار بىلەنمۇ كۆرۈشتى ۋە خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر ھەققىدە سۆھبەتتە بولدى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى 9-دېكابىر مالايشىيا پايتەختى كۇئالالامپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن مالايشىيا ئاكادېمىيەسى مەرىپەت تەشكىلاتى (WADAH)، مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى (ABIM)، مالايشىيا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار مەملىكەتلىك جەمئىيىتى (PKPIM) قاتارلىق ئۈچ تەشكىلاتنىڭ 7-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقاندى.



## ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۈچ چوڭ شىركىتىنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى

ئامېرىكا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئەيىبلەنگەن خىتاينىڭ ئۈچ چوڭ شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئامېرىكىغا ئىمپورت قىلىشنى چەكلىدى.

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ 8-دېكابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئالدىنقى جۈمە خىتاي شىركەتلىرىگە قارشى قارا تىزىملىكنى كېڭەيتىپ، ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا چېتىلغان ئۈچ خىتاي شىركىتىگە ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش قارارىنى ئېلان قىلغان.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ مەزكۇر ئۈچ شىركىتىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلغان سودا ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى دەپ ئەيىبلەنگەنلىكىنى، ئامېرىكا تەرەپ بۇ شىركەتلەرگە قارشى چوقۇم زۆرۈر كونترول قىلىش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنى چەكلەش كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، 11-دېكابىردىن باشلاپ مەزكۇر ئۈچ شىركەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئامېرىكىغا ئىمپورت قىلىنىشى رەسمىي

چەكلىنىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىغا مەھسۇلات ئېكسپورت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغان خىتاي شىركەتلىرىنىڭ سانى 30 غا يېتىدىكەن. قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن ئەڭ يېڭى ئۈچ شىركەت جۇڭلىياڭ شىكەرچىلىك شىركىتى، سىچۈەن جىنگۇۋېيدا تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ۋە ئەنخۇي شىنيا يېڭى ماتېرىياللار چەكلىك شىركىتى ئىكەن.




## ئەردوغان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئالدى


تۈركىيە پىرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كۈنىدە قىلغان سۆزىدە: «بىزنىڭ نەزىرىمىزدە غەززەلىك قېرىنداشلىرىمىز بىلەن شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى، سىپرۇس تۈركلىرى بىلەن ئىراق تۈركمەنلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق ئايرىمچىلىق ۋە ھېچقانداق پەرق يوق ۋە بولالمايدۇ» دېدى.

10-دېكابىر «دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى» ماقۇللانغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيە ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى ئىنسان ھەقلىرى باشقارمىسى تەرىپىدىن 9-دېكابىر ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى: ئىنسانىيەتنىڭ يۈزى» ناملىق چوڭ تىپتىكى پائالىيەتتە پىرېزىدېنت رەجەپ تاييىپ ئەردوغان سۆز قىلدى ۋە نۆۋەتتە دۇنيا كۈنتەرتىپىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كۈنتەرتىپىدە تۇرۇۋاتقان ئىسرائىلىيەنىڭ غەززەدىكى قىرغىنچىلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

ئەردوغان بۇ مەسىلىدە تۈركىيەنىڭ ھازىرغىچە قىلغانلىرىنى ۋە بۇندىن كېيىن قىلىدىغانلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ، غەززە خەلقى 7-ئۆكتەبىردىن بۇيان باشتىن كەچۈرۈۋاتقان دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنىڭ جاۋابكارلىرى پەقەتلا ئىشغالىيەتچى ئىسرائىلىيە ئەمەس، بەلكى ئىسرائىلىيەنىڭ بۇ قەتلىئامىغا ھەسسە قوشقان، قوللىغان، سۈكۈت قىلغان دۆلەتلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئۇ ۋە ب د ت نىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان قۇرۇلمىسىنىڭ چوقۇم ئۆزگەرتىلىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە: «بالقانلاردىن كاۋكازغىچە، ئاراكاندىن

تۈركىستانغىچە ۋە قىرىمغىچە قەيەردە ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان، زۇلۇمغا ۋە باستۇرۇشقا ئۇچرىغان بىر قېرىندىشىمىز بولسا، ئۇنىڭغا ئىگە چىقىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىزدۇر. ئىلگىرىمۇ ئېيتقىنىمدەك، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە غەززەلىك قېرىنداشلىرىمىز بىلەن شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى، سىپرۇس تۈركلىرى بىلەن ئىراق تۈركمەنلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق ئايرىمچىلىق ۋە ھېچقانداق پەرق يوق ۋە بولالمايدۇ» دەپ تەكىتلىدى.



## ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا چېتىشلىق ئىككى ئەمەلدارغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلدى

دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش ھارپىسىدا، ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىغا قاماش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئەمەلدارغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى تاشقى مۈلۈكنى كونترول قىلىش ئىشخانىسى 8-دېكابىر ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندە قىلغانلىقى ئۈچۈن توققۇز دۆلەتتىن 20 كىشىگە جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە چېتىشلىق ئىككى خىتاي ئەمەلدارىمۇ ئورۇن ئالغان.

ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغۇچىلار دەپ بېكىتىلگەن خىتاي ئەمەلدارلىرى ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ئىلى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ چى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ»دىكى خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپا ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇ لىيەنخې ئىكەن.

ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى باياناتىدا گاۋ چى مەسئۇل بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك تارماق ئاتالمىش «شىنجاڭ» ج خ نازارىتى ئىلگىرى جازا بېكىتىلگەن ئورۇنلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى، گاۋ چىنىڭ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى بولغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرگە

زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، گاۋ چى ۋە ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشى چەكلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتىدا يەنە خۇ لىيەنخېنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى ئاتالمىش «شىنجاڭ» دىكى خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان مەزگىللەردە شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىدە يادرولۇق رول ئوينىغانلىقى ۋە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»نى تۈزۈش ۋە تۈزىتىشكە بىۋاستە ۋە يېقىندىن قاتناشقانلىقى، بۇ ئورگاننىڭ خىتاينىڭ نەزىرىدە، شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش ۋە تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزى» دەپ ئاتىغان جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلاش ئۈچۈن ئالدىن قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلىگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

8-دېكابىر ئېلان قىلىنغان جازا تىزىملىكىدە يەنە ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى، كونگو دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى، ھايتى ۋە جەنۇبىي سۇدان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى 13 شەخسمۇ بار ئىكەن.




## خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا 15 مىڭ شىركەت ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئاشكارىلىدى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئۈچۈن ئۇرغۇنلىغان خىتاي شىركەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ۋە ئەيىبلەشكە ئۇچراۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي ئاتالمىش «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەنلىكى»نى تەشۋىق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا 15 مىڭدىن ئارتۇق خىتاي شىركىتىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

خىتاي خەلق تورىنىڭ 14-دېكابىر خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي رېجىمى 2012-يىلىدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى جايلارغا ئاتالمىش «ئۆزئارا گىرەلەشكەن ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە مەھەللە مۇھىتى بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشنى تۇرالغۇ، تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق كۈندىلىك ھالقىلاردىن باشلاپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى ۋە يۇغۇرۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى» ھەققىدە ماختانغان.

خەۋەردە يەنە: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر

مىللەت ئاممىسىنىڭ يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئۈچۈن شەھەرلەر كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، 15 مىڭدىن ئارتۇق كارخانىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ ماكانلاشتۇرۇپ، شۇ جايدىكى 2 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى» دېيىلگەن.

ئالدىنقى يىلى 5-ئايدا ئېلان قىلىنغان خەۋەردە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى دېھقان-ئىشچىلار خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ باياناتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي «14-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، شەرقىي تۈركىستاندا ھەر يىلى يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى 2 مىليون 750 مىڭ ئادەم قېتىم مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، ئاتالمىش «يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»، «ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»، «يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» قاتارلىق ئىبارىلەر قايتا تەكرارلانغاندى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە بىر تەرەپتىن جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرلۈك ناملار بىلەن خىتاي شىركەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا-كەنتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن يەرلىك خەلقنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىتاي ئاققۇنلىرىنى يۇقىرى مائاش، ھەقسىز ئۆي، ھەقسىز يەر قاتارلىق تەمىناتلار ئارقىلىق قىزىقتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرماقتا.




## خىتاي يەنە بىر قېتىملىق قىسقا سىنلارنى تۈزەش ھەرىكىتى باشلىدى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بىر قىسىم قىسقا سىن ئۈچۈرلار ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارىلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ يولنىمۇ تولۇق چەكلەش ئۈچۈن، خىتاي مەركىزىي ئالاقە تور ئۇچۇرى ئىشخانىسى ئاتالمىش «قىسقا سىنلاردىكى ناچار مەسىلىلەرنى تۈزەش» مەخسۇس ھەرىكىتى باشلىغان.

خىتاي رېجىمىنىڭ ئورگان تورىدا 12-دېكابىر ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي مەركىزىي ئالاقە تور ئۇچۇرى ئىشخانىسى يېقىندا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بىر ئاي داۋاملىشىدىغان ئاتالمىش «قىسقا سىن ئۇچۇر مەزمۇنى يېتەكچىلىكىدىكى ناچار مەسىلىلەرنى تۈزەش» مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قىسقا سىن

ساھەسىدە كۆپ يۈز بېرىدىغان، تەكرار يۈز بېرىدىغان قالايمىقانچىلىقلارنى چۆرىدەپ، ئۈچ تۈرلۈك گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەركەزلىك تۈزەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

خىتاي ئۆكتۈرۈشتا مەركەزلىك تۈزەشتىكى ئۈچ تۈرلۈك گەۋدىلىك مەسىلىنىڭ قىسقا سىندا ساختا ئۇچۇر تارقىتىش، قىسقا سىندا نامۇۋاپىق قىلمىشلارنى كۆرسىتىش، قىسقا سىندا خاتا قاراشلارنى تارقىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۆكتۈرۈشتا يەنە مەخسۇس ھەرىكەت ئارقىلىق قىسقا سىن ساھەسىدىكى قىممەت يېتەكچىلىكىنىڭ قېلىپتىن چىقىپ كېتىشى ۋە ناچار مەزمۇنلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى قاتارلىق قالايمىقانچىلىقلارنى مەركەزلىك تۈزەپ، قىسقا سىن سۇپىسىنىڭ مەزمۇن تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى كۈچەيتىش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

خىتاي رېجىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىي ۋە مىللىي مەدەنىيەتكە ئالاقىدار سىن ۋە ئۇچۇرلارنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا سولاش قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىگە ئالاقىدار سىنلارنى ۋە ئاتالمىش خىتاي ۋىرۇسى يۇقۇمى مەزگىلىدە قاتتىق يولغا قويۇلغان يولسىز تەدبىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك قىسقا سىن تارقاتقان نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى 10 يىلدىن يۇقىرى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانىدى.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمى بەزى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەرىكەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىشىنىڭ نەچچە ھەسسە قاتتىق بولىدىغانلىقىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ بۇلارنى ھەقىقىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئەمەس، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قاتتىق باستۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلىپ كەلگەنلىكىنى، نۆۋەتتە قايتا كۆتۈرۈپ چىققان ئاتالمىش «قىسقا سىن ئۇچۇرلاردىكى ناچار مەسىلىلەرنى تۈزەش» ھەرىكىتىنىڭمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەنە بىر قېتىملىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىنىڭ شەپىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



جازالارغا قارىماي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىممىتىدە رېكورت يارىتىلغان

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك، خەلقئارادا ئوخشىمىغان دەرىجىدە بېسىم ۋە جازالارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئالدىنقى 11 ئايدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 320 مىليارد 530 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %47.4 ئاشقان ۋە تارىختىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى ئاتالمىش

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 16-دېكابىر ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئېگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن خەۋەر قىلىشىچە، بۇ سان شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تۇنجى قېتىم 300 مىليارد يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تارىختىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى، جۈملىدىن مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسى سەۋەبلىك جازالىنىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانىدىكى مۇھىم ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلانغان خىتاي رېجىمى 2021-يىلى 11-ئايدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئايلىق ئىمپورت-ئېكسپورت قىممىتىنى ئۇدا 25 ئاي ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئاشۇرۇپ، تاشقى سودىدا كۈچلۈك ئېشىشنى ساقلاپ كەلگەن.

ماشىنا ـ ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتىنىڭ تېز ئېشىشى بۇ يىللىق شەرقىي تۈركىستان ئېكسپورتىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى بولغان بولۇپ، ئېكسپورت قىممىتى 232 مىليارد 760 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكى ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» تاشقى سودا ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 86% نى ئىگىلىگەن. مېتال كانى ۋە رۇدىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ماشىنا-ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرى ۋە مىس ماتېرىياللىرى ئاساسلىق ئىمپورت قىلغان تاۋارلار بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكى تاشقى سودا ئىمپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 82% نى ئىگىلىگەن.

قەشقەر ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت قىممىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 77 مىليارد 150 مىليون يۈەن، 63 مىليارد 540 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە 2، 3-ئورۇندا تۇرۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 80.8%، 40.3% ئاشقان.

شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش بەش دۆلەتكە قىلىنغان ئىمپورت-ئېكسپورت قىممىتىمۇ بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 53.4% ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 79.8% نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈچ چوڭ سودا ھەمراھ دۆلىتى بولغان قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستانغا قىلغان ئىمپورت-ئېكسپورت قىممىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 70.8%، 32.1%، 97.3% ئاشقان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر جىنايەتلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۈچلۈك كۈنتەرتىپكە كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، يەنىلا سودا ھەجىمىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەردىن بىرى خىتاي رېجىمىنىڭ ھەرخىل يوللار ئارقىلىق خەلقئارانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىشلەتكەنلىكى بولسا، يەنە بىرىنىڭ چوڭ شىركەتلەر ۋە مال ئىمپورت قىلغۇچى سودىگەرلەرنىڭ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشىدىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە كۆز يۇمۇشىدىن، شۇنداقلا ئاز ساندىكى دۆلەتلەردىن باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىققانماللارغا بولغان كونتروللۇقنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرمىگەنلىكىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» 39 مىڭغا يەتكەن

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن قۇرغان ئاتالمىش «ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» ئورگىنى 39 مىڭغا يەتكەن.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 16-دېكابىر خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى «شىنجاڭنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتى ئەھۋالى» نامىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچقان بولۇپ، يىغىندا خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىدىن 39 مىڭنى قۇرغانلىقىنى، رايوندىكى 103 مىڭ ئورۇننى قاپلىغانلىقىنى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسىنىڭ 4 مىليون 350 مىڭدىن ئاشقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

باياناتتا بۇ يىل جەمئىي 1115 مەيدان قېتىم تۈرلۈك تەكلىپ قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، يېزا ئىشلەمچىلەر مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇلۇپ، 213 مىڭدىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى دەۋا قىلىنغان.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، قورچاق مۇئاۋىن رەئىس ئىلدوس مۇراتنىڭ بىلدۈرۈشىچە، شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى 224 خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ساھەلەر بويىچە ئالاقىلىشىدىغان ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا بېرىپ، 900 قېتىمدىن ئارتۇق نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلغان. بۇ جەرياندا 10 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىلغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە بىر تەرەپتىن جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي رېجىمى تەشكىللىگەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى خەلقنى ئاتالمىش «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش»، «ئىشلەك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا خىتاي شىركەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا-كەنتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن يەرلىك خەلقنى

مەجبۇرىي ئەمگەككە سالماقتا. ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئالاھىدە رول ئويناپ كەلگەن بولۇپ، نۆۋەتتە بۇ ئورگانلار خىتاي شىركەتلىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتاي شىركەتلىرىگە ئەرزان باھادا ساتماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىتاي ئاققۇنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كېلىپ، يۇقىرى مائاش، ھەقسىز ئۆي، ھەقسىز يەر قاتارلىق تەمىناتلار ئارقىلىق قىزىقتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئالماقتا.




## يەنە بىر قورچاق ئەمەلدار تەكشۈرۈلدى

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېھقانچىلىق ۋە يېزا خىزمەت كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، قورچاق ئەمەلدار پەرھات روزى تەكشۈرۈلدى.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش كومىتېتى ئورگان تورىنىڭ 18-دېكابىردىكى ئۇقتۇرۇشىدا بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا خىزمەت كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى پەرھات روزى «ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش» بىلەن رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە نازارەتچىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن نازارەتكە ئېلىنغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، پەرھات روزى 1960-يىلى نىيە ناھىيەسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1986-يىلى 1-ئايدا خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولغان. پەرھات روزى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى بولغان، 2015-يىلى مايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ۋە مەمۇرىي كومىسسارى بولۇپ ئىشلىگەن. 2021-يىلى ماي ئېيىدا، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېھقانچىلىق ۋە يېزا خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ بۇ يىل 25-ئىيۇندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» 14-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۈچىنچى

قېتىملىق يىغىنىدا مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان.

كۆزەتكۈچىلەر تارىختىن بېرى خىتايغا جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن، خىتايغا ھەمكارلىشىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش، قىرغىن قىلىش جىنايەتلىرىگە شېرىك بولغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ھەرخىل باھانىلەر بىلەن جازالانغانلىقىنى، نۆۋەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايىتىگە ھەمكارلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ جازالانغان قورچاق ئەمەلدارلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



شى جىنپىڭ قورچاق ئەمەلدار شۆھرەت زاكىرنى ئالاھىدە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى

خىتاي رېجىمى رەئىسى شى جىنپىڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ سابىق قورچاق رەئىسى شۆھرەت زاكىرنى كۇۋەيتنىڭ سابىق ئەمىرى شەيخ نەۋۋاف ئەلئەھمەد ئەلجابىرنىڭ جىنازا نامىزىغا ئالاھىدە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن.

كۇۋەيتنىڭ ئەلجەرىيدە ئورگان تورىنىڭ 18-دېكابىر خەۋەر قىلىشىچە، شى جىنپىڭنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى سۈپىتىدە بارغان خىتاي «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قورچاق ئەمەلدار شۆھرەت زاكىر باشچىلىقىدىكى ھەيئەتنى كۇۋەيتنىڭ ئەمىرى شەيخ مىشئەل ئەلئەھمەد ۋە كۇۋەيت تاشقى ئىشلار ۋەزىرى شەيخ سالىم ئابدۇللا ئەلجابىر ئەسساباھ 18-دېكابىر چۈشتىن كېيىن ئايرودۇرۇمدا كۈتۈۋالغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى سەۋەبلىك يېقىنقى يىللاردىن بېرى خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئەيىبلەش ۋە ئېمبارگوغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، بۇ سەۋەبلىك خىتاي ئىقتىسادىدا ئارقىغا چېكىنىش كۆرۈلگەنلىكىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن يالغان تەشۋىقات ۋە ھىيلە-نەيرەڭلەرنى كۈچەيتكەنلىكىنى، بۇ قېتىم شى جىنپىڭنىڭ قورچاق ئەمەلدار شۆھرەت زاكىرنى ئۆزىگە ئالاھىدە ۋەكىل

قىلىپ ئەۋەتىشمۇ ئەنە شۇ رەزىل مەقسەتنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە «ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىۋاتقانلىقى»نى ئىسلام ئەللىرىگە بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنى ئالداش ئىكەنلىكىنى، ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتىنى ئەڭ ۋەھشىي تەرىقىدە داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا پاختا يىپ سودا مەركىزى قۇردى

پاختىچىلىق كەسپى خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقان ئاساسلىق كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاينىڭ دۆلەت دەرىجىلىك پاختا يىپ سودا مەركىزىنى شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇشى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتىلغان مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 18-دېكابىر ئۈرۈمچىدىكى خەلقئارا يىغىن-كۆرگەزمە مەركىزىدە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» خەلق ھۆكۈمىتى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسى، ئاتالمىش «جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تەمىنات-سودا ھەمكارلىق باش كوپىراتىپى» بىرلىكتە تەسىس قىلغان دۆلەت دەرىجىلىك پاختا، پاختا يىپ سودا مەركىزىنىڭ يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن.

خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋىرىدە سودا مەركىزى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، كېۋەز تېرىشتىن كىيىم-كېچەك ئىشلەپچىقىرىشقىچە بولغان مەنبەنى سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغانلىقى، پاختا، پاختا يىپ سۈپىتى، داڭلىق ماركا ئېتىراپ قىلىش سىستېمىسىنى ئورنىتىدىغانلىقى، پاختا، پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، ئوبوروت قىلىش، ئىستېمال قاتارلىق ھالقىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، رايوندا پاختا ۋە توقۇمىچىلىق، كىيىم-كېچەك كەسىپ توپى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

يوپۇق ئېچىش يىغىنىدا سۆز قىلغان قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۇنىياز: «شىنجاڭنى دۆلەتنىڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا، پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە توقۇمىچىلىق، كىيىم-كېچەك ئېكسپورت بازىسى قىلىپ

قۇرۇپ چىقىمىز» دەپ بىلجىرلىغان.

شەرقىي تۈركىستان پاختىسى خىتاي ئاساسلىق تايىنىدىغان پاختا مەنبەسى بولۇپلا قالماي، پۈتۈن دۇنيادىكى پاختا بىلەن تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ 20% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىمەكتە. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتى خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈنتەرتىپكە كەلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر خىتايغا جازا يۈرگۈزگەندىن سىرت، بىر قىسىم داڭلىق شىركەتلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختىسىنى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى.

نۆۋەتتە خىتاينىڭ دۆلەت دەرىجىلىك پاختا يىپ سودا مەركىزىنى شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇشى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتىلغان مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.




## خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى «كۆك تاشلىق كىتاب» بىلەن ئاقلاشقا ئۇرۇندى

خىتاي رېجىمى 20-دېكابىر ئاتالمىش «شىنجاڭدا كىشىلىك هوقۇقنى قانۇنچىلىق جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلات» ناملىق كۆك تاشلىق كىتابنى ئېلان قىلدى.

خىتاي يەر شارى تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بۇ كىتاب خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار ئاتالمىش «كىشىلىك هوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش» توغرىسىدىكى تۇنجى كۆك تاشلىق كىتابى ئىكەن.

مەزكۇر كۆك تاشلىق كىتاب ئومۇمىي دوكلات، مەخسۇس تېمىلىق دوكلات، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى ۋە ئايرىم مىسال تەتقىقاتى، كىشىلىك هوقۇققا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كىشىلىك هوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە تەرەققىيات-ئىلگىرىلەش تەتقىقات مەركىزى، غەربىي جەنۇب سىياسىي-قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى كىشىلىك هوقۇق تەتقىقات ئورنى ئورتاق تەييارلىغان.

ئاتالمىش كىتابتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلگىرىكى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىگە پۈتۈنلەي زىت بىر قاتار سەپسەتىلەر كىشىلىك هوقۇقنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئىلمىي ئاساستىن قىلچىلىك نېسۋىسىنى ئالالمىغان مەزكۇر كىتابتا شەرقىي تۈركىستان

مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش ئۈچۈن، خىتاي رېجىمى تەرىپىدىن توقۇپ چىقىلغان كۆپلىگەن مىساللار تىلغا ئېلىنغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ نۆۋەتتە بۇ كىتابنى بازارغا سېلىشتىكى مەقسىتىنىڭ ئالاقىدار ساھەلەردىكى ئاتالمىش مۇتەخەسسىس، ئالىملار پۈتتۈرگەن «تەتقىقات دوكلاتى» ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى ئاقلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، كېڭەيتىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.


Sayı : 85079807-203.99-4555146
Konu : Dua Yapılması

DAĞITIM YERLERİNE

Cuma günleri ikinci hutbeden sonra yapılan Türkçe duanın, bir sonraki talimata kadar aşağıda yer verilen şekilde yapılması hususunda bilgilerini ve gereğini rica ederim. @diyanethakkinda

"Allah'ım! İslam'a ve Müslümanlara yardım eyle. Devletimizi ve milletimizi her türlü tehlikeden koru. Bize dünya ve ahirette iyilikler ve güzellikler ihsan eyle. Bizi, ana-babamızı ve bütün müminleri bağışla. Kudüs, Gazze ve Doğu Türkistan başta olmak üzere dünyadaki bütün mazlum kardeşlerimize yardım eyle. Onları muzaffer eyle. Şüphesiz sen dualarımızı işiten ve kabul edensin."

Dr. Şaban KONDİ
Başkan a.
Din Hizmetleri Genel Müdürü

Dağıtım:
81 İl Valiliğine (İl Müftülüğü)

## تۈركىيەدىكى بارلىق جامەلەردە شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن دۇئا قىلىش يولغا قويۇلدى

تۈركىيە دىنىي ئىشلار باشقارمىسى تۈركىيەنىڭ 81 ۋىلايىتىدىكى بارلىق مۇپتىلىقلارغا يوليورۇق چۈشۈرۈپ، جۈمە كۈنلىرى بارلىق جامە ۋە مەسچىتلەردە ئىككىنچى خۇتبىدىن كېيىن قىلىنىدىغان تۈركچە دۇئانىڭ تۆۋەندىكىدەك قىلىنىشىنى ۋە بۇنىڭ ئىككىنچى بىر بۇيرۇق كەلگۈچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى:

«ئى ئاللاھىم! ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلغىن. دۆلىتىمىزنى ۋە خەلقىمىزنى تۈرلۈك خەتەردىن قوغدىغىن. بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلغىن. بىزنى، ئاتا-ئانىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلغىن. قۇددۇس، غەززە ۋە شەرقىي تۈركىستان باشتا بولۇش بىلەن بىرگە، دۇنيادىكى پۈتۈن مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلغىن. ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلغىن. شۈبھىسىزكى، سەن دۇئالىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە قوبۇل قىلغۇچىسەن».

بىلدۈرۈلۈشىچە، تۈركىيەدە بۇ بۇيرۇقتىن بۇرۇنمۇ ھەرخىل سورۇنلاردا، جامەلەردە مەزلۇم مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان دۇئالاردا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارتىۋاتقان زۇلۇملىرى تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم دۆلەتنىڭ رەسمىي يوليورۇقى بىلەن پۈتۈن تۈركىيەدىكى 90 مىڭغا يېقىن جامەدە بىرلا ۋاقىتتا ھەر جۈمە شەرقىي تۈركىستاننى ئېنىق تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىنىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر قەدەم ئىكەنلىكى، ھەر ھەپتىدە مىليونلىغان كىشىگە بىرلا ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى ئەسلىتىدىغانلىقى نۇقتىسىدىن تەسىرىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدىغانلىقى، خىتاي رېجىمىنىڭ تۈركىيەنىڭ ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرغان بۇ دادىل مەيدانىدىن قاتتىق بىئارام بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.



## ئىستانبۇلدا مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنى خاتىرلەش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى

22-دېكابىر ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىدا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ھەرىكىتى ئائىلىسى ئۇچرىشىشى، شۇنداقلا مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنى خاتىرلەش مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىن ھەبىبۇللا قارىھاجىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش سۆزى قىلدى.

ئۇ ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە پەرز بولغان ئىسلامىي ۋە مىللىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى، مۇھاجىرەتتە ئۈچ مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، شۇنداق ھالەتتە تۇرۇپ دەۋا مەيدانلىرىنىڭ قۇرۇق قېلىۋاتقانلىقىنى، 90% ئۇيغۇرنىڭ دەۋانى تاشلاپ قويغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئۇ سۆزىدە يەنە 20 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئېرىشكەنلىكىنى، قالغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ نوپۇس ماتېرىيالىنىڭ ئىشلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا كود قويۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىدىغانلىقىنى، بۇ مەسىلىدە يەنە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەمدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئىراقتىكى ئەسىرلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىقىنى توختاتمىغاندىن باشقا، تايلاندتا يېتىۋاتقان ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يۇقىرىدا قىلىۋاتقان خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەرھۇم

ئۇستاز ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئۈممىدى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۈممىدنى ئاقلاش ئۈچۈن ھەممەيلەننىڭ ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى تەييارلىغان ئۇستاز ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىمنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئىشلىگەن فىلىم قويۇلغاندىن كېيىن، جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلدى. ئۇ مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ ئەسلىدە نە بىر ئىقتىسادىي مەنبە، نە بىر دۆلەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇستەھكەم پىداكارانە روھ بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى، ئەنە شۇ روھ بىلەن ھەرىكەت قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشقا ئاشقانلىقىنى بىلدۈردى.

يىغىن جەريانىدا ئىبراھىم سىدىق ئۇستاز ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئوغلى ئابدۇسالام تەكلىماكان يازغان «يىغلىدىم» شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

يىغىندا يەنە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا سۆز قىلىپ، مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ غايىسى ۋە ئىدىيەسىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، مىللەت ئۇقۇمى ۋە مىللەت مەنسۇبىيىتى مەسىلىسىنى ئىسلامىي نۇقتىدىن چۈشەندۈردى.

ئارقىدىن سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى رەئىسى دوكتور ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆز قىلىپ، ئۇستاز مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى يولىدا قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن شارائىتلاردىكى جۈرئىتى ۋە ھەر قانداق قىيىن ئىشلاردا ئۈممىدۋار بولۇش روھىنى تىپىك مىساللار ئارقىلىق تونۇشتۇردى ۋە بۇ روھتىن ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم سۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا قانداق قەدەم باسقانلىقىنى، تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم بىلەن تونۇشقانلىقىنى، ئۇستازنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى، سەمىمىيىتىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئاخىرىدا تەشكىلات رەھبەرلىرى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى ھەمدە تەلەپ ۋە تەنقىدلىرىنى ئاڭلىدى.

يىغىن ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان داموللامنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي مۇستەملىكىسىدىن ئازاد بولۇشى، شۇنداقلا خىتاينىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىندى.



# خىتاي ئىسلام دۈشمەنلىكى سىياسىتىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنماقتا

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتى خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچلۈك كۆنتەرتىپكە كەلگەن بىر پەيتتە، خىتاي رېجىمى نۆۋەتتە چاقماي قالدۇرۇپ قويغان مەسچىتلەرنى كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇندى.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 22-دېكابىر خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمى ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش ھېكايىسى» نامىدا قىسمىلىق تەشۋىقات پىروگراممىسى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، يېقىنقى يىللاردا خىتاينىڭ «مەسچىت چېقىش ھەرىكىتى»دىن مەلۇم مەقسەت بىلەن قالدۇرۇپ قويۇلغان ئاز ساندىكى مەسچىتلەرنى كۆچەپ تەشۋىق قىلىپ، ئۆز جىنايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان.

خوتەن شەھىرى ناۋاغ كوچىسىغا جايلاشقان جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئوبۇلھەسەن تۇرسۇننىياز خىتاينىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە: «مەن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان جامە مەسچىتى 1848-يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان. ئىلگىرى مەسچىتنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، پەقەت نەچچە ئون كىۋادرات مېتىرلىق ناماز ئوقۇش زالىدا قىستىلىشىپ ناماز ئوقۇغىلى بولاتتى. نۆۋەتتە جامەدىكى ناماز ئوقۇش زالىنىڭ كۆلىمى 1000 كىۋادرات مېتىردىن ئاشتى، سۇ، توك يەتكۈزۈلدى. روزا تۇتۇش، دىنىي بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتلەر پۈتۈنلەي شەخسنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولۇپ، ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىدى» دەپ بىلجىرلىغان.

خىتاي رېجىمى 2018-يىلىدىن 2022-يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇشنى قانۇنلاشتۇرغانلىقىنى تۈنجى قېتىم

ئېلان قىلىپ، مەزكۇر پىلانغا ئاساسەن تېز سۈرئەتتە ئىجرا قىلىشقا باشلىغان ئىسلام دۈشمەنلىك سىياسىتىدە هازىرغا قەدەر 16 مىڭغا يېقىن مەسچىت چېقىۋېتىلدى ياكى بۇزۇۋېتىلدى. ئۇندىن باشقا دىنغا ئالاقىدار بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەر تولۇق چەكلىنىپ، خەلق ئىسلامدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاندى.

خىتاي رېجىمى «ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش»، «دىنىنى سوتسىيالىزمغا بويسۇندۇرۇش» دېگەندەك سەپسەتىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى دىنىي، مىللىي قىممەت-قاراشلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، قىسقىسى ئۇلارنى خىتايلاردىن روشەن پەرقلەندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بارلىق نەرسىسىدىن ئايرىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلماقتا.



## خىتاينىڭ لوپنۇردا يادرو سىنىقى مەيدانىنى كېڭەيتكەنلىكى ئاشكارىلاندى

سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاننىڭ لوپنۇردىكى يادرو سىناق مەيدانىنى يېڭىلاپ كېڭەيتكەن.

نىيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاينىڭ لوپنۇر ناھىيەسىدىكى يادرو سىنىقى مەيدانىدا يادرو سىنىقىنى قايتا قوزغاتقانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن. بەزى مۇتەخەسسىسلەر بۇ يېڭى يادرو قوراللىرى رىقابىتىنى قوزغىتىشى مۇمكىن، دەپ قارىغان.

سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرەتلەرگە قارىغاندا، خىتاي لوپنۇر ناھىيەسىدىكى يادرو سىنىقى مەيدانى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايدىكى ئەسلىھەلەرنى كېڭەيتكەن. يادرو سىناق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدا يېڭى يوللار ياسالغان بولۇپ، تەخمىنەن 120 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھەربىي بازىغا تۇتىشىدىغان يول يېقىندا رېمونت قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، تاغ باغرىغا يوشۇرۇنغان بۇرغىلاش ئۆسكۈنىلىرى بايقالغان بولۇپ، يېڭى

تونېل قېزىش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن. مۆلچەرلىنىشىچە، چوڭقۇرلۇقى 500 مېتىردىن ئاشىدىغان يېڭى تونېل يېڭى قۇرۇلغان يەر ئاستى يادرو سىناق مەيدانىغا تۇتىشىدىكەن.

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ خەۋەر قىلىشىچە، لوپنۇر سىناق مەيدانىنى قايتا قۇرۇش ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى قورال-ياراغ رىقابىتىنى قوزغىتىشى مۇمكىن ئىكەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى لوپنۇر يادرو سىناق مەيدانىنىڭ قايتا قوزغىتىلىشى توغرىسىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، تارقالغان خەۋەرنىڭ ئۆسەك سۆزلەر ئىكەنلىكىنى، خىتاي يادرو قوراللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش ۋە پۈتۈنلەي بىكار قىلىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باھالىشىچە، خىتاي ئۆتكەن بىر يىلدا يادرو قورالى ئامبىرىنى كۆرۈنەرلىك كېڭەيتكەن بولۇپ، نۆۋەتتە 500 گە يېقىن يادرو ئوق بېشىغا ئىگە ئىكەن.

ئىشغالىيەتچى خىتاي 1964-يىلى لوپنۇردىكى تۇنجى قېتىملىق يادرو سىنىقىدىن تارتىپ، تاكى 1996-يىلىغىچە يەر ئاستى تونېلىدا جەمئىي 45 قېتىم يادرو سىنىقى قىلغان. خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرى نەتىجىسىدە، لوپنۇردىكى ئۇيغۇر خەلقى يادرو بۇلغىنىشىنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچراپ، ئېچىنىشلىق كېسەللىكلەر كۆرۈلگەن.




## خىتاي تاجاۋۇزچى زو زۇڭتاڭنى قەھرىمان سۈپىتىدە كۈچلۈك تەشۋىق قىلماقتا

خىتاي رېجىمى 1876-يىلى شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، يۈز مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرغىن قىلغان، باشقا ئەللەرگە سەرگەردان بولۇشقا سەۋەب بولغان، شەرقىي

تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان قانخور زو زۇڭتاڭنى ئاتالمىش «قۇتقۇزغۇچى قوماندان» دەپ ئاتاپ كۆچلۈك تەشۋىق قىلماقتا.

خىتاي رېجىمى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا، ئىشغالىيەت تارىخىنى ئاقلاش، بۇرمىلاشقا زور كۈچ سەرپ قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ يىل 9-ئايدا ئاتالمىش «زو زۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشى» دېگەن دەرس ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەنىدى. شۇنداقلا خىتاي ئالدىنقى ئايدا قومۇلدا يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «زو زۇڭتاڭ مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى» يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنىدى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلغان خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمى قومۇل شەھىرىدىكى ئاتالمىش «زو زۇڭتاڭ تىككەن سۆگەتلەر» ئۈچۈن مەخسۇس قوغداش تور مەبلىغى ئاجراتقان. بۇنىڭغا ئاساسەن، خىتاي رېجىمى كېلەر يىلى ئەتىيازدا قاشا ئورنىتىپ، نام تاختىسى يېڭىلاپ، ھەربىر تۈپ ئاتالمىش «زو زۇڭتاڭ تىككەن سۆگەت»كە رەقەملىك ئارخىپ تۇرغۇزۇپ چىقىدىكەن.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ يەنە بىر خەۋەرىدىمۇ خىتاي ئىچىدە زو زۇڭتاڭ قىزغىنلىقى قوزغالغانلىقى، زو زۇڭتاڭ بولمىغان بولسا، خىتاينىڭ 1 مىليون 660 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ زېمىندىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، زو زۇڭتاڭ ئاتالمىش «خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدىغان قەھرىمان» قىلىپ تەشۋىق قىلىنغان.

مانجۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى تۈگىگەنلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇپ نامى چىققان ياللانما ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى زوزۇڭتاڭنى 1876-يىلى شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشقا ئەۋەتكەن. زوزۇڭتاڭ ئۆز ۋاقتىدىكى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغاندىن باشقا، چەت ئەل ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھەربىي ياردىمى ۋە ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغا بېسىپ كىرگەن. بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستان خەلقى تاجاۋۇزچى مانجۇ قوشۇنلىرىغا قارشى جان پىدالىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قانخور زوزۇڭتاڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان ۋە نەچچە يۈز مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلغان.

# ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى جەم بولدى



26-دېكابىر شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ساھىبخانلىقىدا، تۈركىيەدىكى 50 كە يېقىن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ۋەكىللىرى بىر يەرگە جەم بولدى.

يىغىلىشقا تۈركىيەدە سىياسىي، ئىجتىمائىي، تەتقىقات، ئاخبارات، مەتبۇئات، تەلىم-تەربىيە ساھەلىرى بويىچە خىزمەت قىلىۋاتقان 50 كە يېقىن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى ياكى ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى.

مۇھەممەد ئۆمەر قارىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتىدىن كېيىن، يىغىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم سۆز قىلىپ، جەم بولغان تەشكىلاتلارنىڭ ئىسمىنى بىرمۇ بىر ئوقۇپ ئۆتتى ۋە بىر قىسىم تەشكىلات مەسئۇللىرىنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلەلمەي قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

ئۇ سۆزىدە يەنە يېقىنقى يىللار مابەينىدە كۆپلىگەن تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلىرىدە ئوخشاش نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى، كۆپلىگەن بوشلۇقلارنىڭ تولۇقلانغانلىقىنى، بۇنىڭ بىر ئىجابىي ئىلگىرىلەش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر قىسىم كەمچىللىك، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مىللەتنى پىكىر، ئەقىدە جەھەتتە يېتەكلەش، تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش، خىتاينىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان ساختا تەشۋىقاتلىرىنى پاش قىلىش جەھەتتىن داۋاملاشتۇرۇۋاتقان خىزمەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ

ئۆتتى. ئۇ مۇھاجىرەتتىكى ھەرقايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر تەنگە ئوخشايدىغانلىقىنى، ھەربىرىنىڭ ئوخشىمىغان رول ئېلىپ، بىر-بىرىنىڭ بوشلۇقىنى تولۇقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، ئۆزئارا ھەمكارلىق، بىرلىكنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ۋە تەشكىلاتلار ئارا مۇناسىۋەت مەسئۇلى ئۇستاز سىراجىدىن ئەزىزى سۆز قىلىپ، تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم يىرىكچىلىك ۋە ئىختىلاپلارنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسى ۋە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى تەشكىلاتلار ئارىسىنى تۈزەش، ياخشىلاش ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىجاندىل خىزمەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى، بۇ قېتىملىق يىغىلىشنىڭمۇ ئەنە شۇ تىرىشچانلىقلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

يىغىلىشقا ئىشتىراك قىلغان تەشكىلات مەسئۇللىرىمۇ سۆز قىلىپ، بىر قىسىم تەكلىپ-پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىلىش ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز ئاتاۋۇللاھ خەلپەت ھاجىمنىڭ باشچىلىقىدىكى دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتى.





## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا «سەددىچىن سېپىلى مۇزېيى» قۇرۇپ ئىشغالىيەت تارىخىنى پەردازلاشقا ئۇرۇندى

ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمى لوپنۇر ناھىيەسىدە ئاتالمىش «سەددىچىن سېپىلى مەدەنىيەت مۇزېيى» قۇرغان بولۇپ، شەرقىي

تۈركىستاندىكى تۇرا، قورغان ئىزلىرىنىڭ «خىتايدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ داۋامى» ئىكەنلىكىدەك نومۇسسىزلارچە سەپسەتىسىنى رەسمىي يوسۇندا تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان.

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، لوپنۇردا قۇرۇلغان ئاتالمىش «يىپەك يولى سەددىچىن سېپىلى مەدەنىيەت مۇزېيى» 29-دېكابىردىن تارتىپ رەسمىي ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، 600 دىن ئارتۇق «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» قويۇلغان. مۇزېينىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بولۇپ، سىرتقى قىسمى قەدىمىي تۇرا شەكلىدە سېلىنغان.

خەۋەردە «زىيارەتچىلەر شەنخەيگۇەندىن غەربىي يۇرتقىچە سوزۇلغان سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئوخشىمىغان كۆرۈنۈشلىرىنى، جەلپكارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى» دېيىلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قەدەر سوزۇلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت سەپسەتىگە ئىشارەت قىلىنغان.

سەددىچىن سېپىلى خىتايلار تارىختا ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇرۇپ چىققان بولۇپ، خەلقنىڭ ئېغىزىدا «قورقۇنچاقلىقنىڭ سىمۋولى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. خىتاينىڭ رەسمىي ماتېرىياللىرىدا ۋە دەرسلىكلىرىدە سەددىچىن سېپىلىنىڭ شەنخەيگۇەندىن گەنسۇغا قەدەر سوزۇلىدىغانلىقى يېزىلغان. ھالبۇكى، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئوچۇق-ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشكە، ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» سىياسىتىنى كۈچەپ ئىجرا قىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، تۈرلۈك ئويدۇرمىلار بىلەن ئىشغالىيەت تارىخىنى قايتىدىن پەردازلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. بۇنىڭ جۈملىسىدىن يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان خىتاينىڭ بىر قىسىم ئاتالمىش «تەتقىقاتچىلىرى» ماقالە ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى قەدىمىي تۇرا، قورغان ئىزلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا سەددىچىن سېپىلىغا باغلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ «ئەزەلدىن خىتاينىڭ تەۋەلىكىدە ئىكەنلىكى»دەك نومۇسسىز سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىشقا باشلىغان.

لوپنۇر ناھىيەسىدىكى مەزكۇر مۇزېي شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇنجى «سەددىچىن سېپىلى مەدەنىيەت مۇزېيى» بولۇپ، خىتاينىڭ يۇقىرىقى يالغان-ياۋىداقلىرىنىڭ رەسمىيلەشتۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنىڭ ئىشارىتى بولماقتا.

# شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 10-نۆۋەتلىك شۇرا يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى



شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 10-نۆۋەتلىك شۇرا يىغىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 60 تىن كۆپ ئەزانىڭ قاتنىشىشى بىلەن، 30-، 31-دېكابىر كۈنلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

ئىستانبۇلنىڭ بەيلىكدۈزۈ رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىن 30-دېكابىر چۈشتىن بۇرۇن قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ قۇرۇلۇش مەقسىتىنىڭ مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۆلىمالار بىر يەرگە يىغىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك توغرا يولغا يېتەكلەش ئىكەنلىكىنى، ئەنە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۆلىمالار بىرلىكى مۇستەقىل تەشكىلات تەرىقىسىدە دەۋەت گۇرۇپپىسى، پەتۋا گۇرۇپپىسى، تەلىم-تەربىيە گۇرۇپپىسى، بايانات گۇرۇپپىسى قاتارلىق بىر قانچە بۆلۈمگە بۆلۈنۈپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى.

يىغىندا بىرلىكنىڭ نىزامنامىسىگە «تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ھەق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى» ماددىسى بىرلىك ئەزالىرىنىڭ ئورتاق ئاۋازى بىلەن ئىلاۋە قىلىندى. يىغىندا يەنە بىرلىكنىڭ ئىجرائىيە بۆلۈمىگە «ياشلار خىزمەت بۆلۈمى» تەسىس قىلىش قارار قىلىندى.

يىغىندا ئۆلىمالار بىرلىكى شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۈستىگە پەرزى ئەين ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئۆلىمالارنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدە، بولۇپمۇ دەۋەت، تەبلىغ ۋە ھەر قايسى سورۇنلاردا «شەرقىي تۈركىستان» سۆزىنىڭ چوقۇم زىكىر قىلىنىشى، خەلققە ۋە ۋەتەن داۋاسى قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارغا بارلىق

خىزمەتلىرىدە نىشانىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئاساسىدا بولۇشى توغرىسىدا خىزمەت ئىشلەش كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى.

يىغىندا يەنە ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق تەشكىلات ۋە شەخسلەر بىلەن ئالاقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي، مىللىي ئەنئەنىلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئەخلاق-پەزىلەتلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ئىگە بولۇش ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ دەۋا ۋە خىزمەت يولىدىكى ئاساسلىق پىرىنسىپلىرى قاتارىدا كۆرۈشكە تەشەببۇس قىلىش تەكىتلەندى.

مۇزاكىرىدىن كېيىن ئۆلىمالار بىرلىكى قارمىقىدىكى بارلىق بۆلۈملەر ئايرىم-ئايرىم بۆلۈنۈپ ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلىپ، 2024-يىلى ئىچىدە قىلماقچى بولغان خىزمەتلىرىنى بېكىتىپ چىقتى.

ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا مۇزاكىرىلەرگە ئاساسەن ئۆلىمالار بىرلىكى 2024-يىلى بىر يىل ئىچىدە ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان خىزمەتلەر ھەققىدىكى قارارنى ئېلان قىلدى.

قاراردا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ مۇھاجىرەتتىكى خەلقىنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاق-پەزىلەتلىرى، مىللىي ئۆرپ ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنىڭ قوغدىلىشى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىسلاھاتى ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى، ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىدا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدىغانلىقى، تۈركىيەدە تونۇلغان بىر قىسىم ئۆلىمالار ۋە جامائەت ئەربابلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان مەسلىھەت گۇرۇپپىسى بەرپا قىلىپ، قەرەللىك ھالدا ئۇچرىشىش ئارقىلىق تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى جانلاندۇرۇشقا كۈچەيدىغانلىقى، ئۆلىمالار بىرلىكى تەشكىلاتلار ئارا مۇناسىۋەت بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ، تۈركىيە سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىدىغانلىقى، خەلق بىلەن ئۆلىمالارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈش ھەرىكىتىنى جانلاندۇرىدىغانلىقى، ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر مەكتەپ ۋە مەدرىسەلىرىدە دىنىي، مىللىي قىممەت قاراش ئېڭىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قەرەللىك تەربىيە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەيدىغانلىقى، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ قەلبىگە دىن، ۋەتەن ۋە مىللەت تۇيغۇسىنى كىچىكىدىن باشلاپ سىڭدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى، ئىلاھىيەت ساھەلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا قاراتمىلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىدىغانلىقى تەكىتلەندى.

# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **ي. قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **سەيپىدىن تارىم** |
| كارىكاتۇر | **رادۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |

**info@istiqlalmedia.com**
**www.istiqlalmedia.com** **www.istiqlalhaber.com**
**+90 553 895 19 33** **+90 212 540 31 15**
**+90 541 797 77 00**

DTMD

**DOĞU TÜRKİSTAN BASIN VE MEDYA DERNEĞİ**

شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى